# ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز

(بېشى 1- بەتتە)

سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار باش شۇجىنىڭ «تۇتقان جايىدا بولۇش»نى تۇتۇش توغرىسىدىكى تەلىپى بويىچە، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەۋى تونۇشىنى كۈچەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، قايتا ئويلىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاساسلىق مەسئۇل يولداشنىڭ بىرىنچى جاۋابكارلىق ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى ۋە بەنزە ئەزالىرىنىڭ «بىر ئىش ئورنى، قوش مەسئۇلىيەت»نى ئادا قىلىپ، ئۆگىنىش - تەربىيە ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئاساسىدا، دىققەتنى سەھىيە - ساغلاملىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋە ئۇنى چەكلەيدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە نۇقتىلىق مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەر ۋە ئاممىۋى لۇشيەننى كونكرېت ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى ئۇنىۋېرسال 4 - باشقارمىسىنىڭ كادىرى نۇرلان باقتىنۇر مۇنداق دېدى: «بىز بۇ قېتىملىق باش تېما تەربىيەسىنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، ئۆگىنىشنى باشتىن - ئاخىرغىچە ئىزچىللاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، توغرا ئىزچىللاشتۇرىمىز؛ يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىمىزدىكى ئىدىيەۋى ئاڭ، ئېتىقاد ساپاسى، ئەخلاق تەربىيەسى، ئىستىل ئوبرازى قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىمىز».

## ■ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا تۈرتكە بولۇش

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېشىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ - خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى كونكرېت خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ياسىمىچىلىقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە ياسىمىچىلىقنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، يېڭىلىق يارىتىش سىستېما قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، سانائەتتە ئېنېرگىيە تېجەپ، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىپ، ئۆزگەرتىپ ياساشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايون سانائىتىدىكى نۇقتىلىق ساھە، نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ يۈرۈشۈشىنى كۆزىتىپ ئۆلچەپ تەھلىل قىلىشنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىدا كۆرۈلگەن يېڭى يۈزلىنىش، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ئىگىلەيمىز ھەم قارشى تەدبىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ۋە يۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئالغا سىلجىتىمىز.

«شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇھىم ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقى، بىز باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، بۇ يايپېشىللىقنى، بۇ كۆپكۆكلۈكنى، بۇ ساپلىقنى ياخشى ساقلاپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىيات يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، تېغى دائىم يېشىل بولغان، سۈيى سۈزۈك ئېقىپ تۇرغان، ھاۋاسى دائىم ساپ بولغان گۈزەل شىنجاڭنى تىرىشىپ بەرپا قىلىمىز.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇھىت ۋە بايلىقنى قوغداش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى باغىت ئامانبېك مۇنداق دېدى: بىز شى جىنپىڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالاقىدار قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، يېشىللىقنى شىنجاڭ تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگەرمەس ئاساسىي رېڭى قىلىشىمىز كېرەك.

«باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىچكى موڭغۇلنىڭ چىفېڭ شەھىرى كالاچىن خوشۇنى مائەنشەن ئورمانچىلىق مەيدانىدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان سۆزى ماڭا بىزنىڭ كۆكيارنى ئەسلىتىپ، بىزنىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىمىزنىڭ 30 نەچچە يىللىق جاپالىق مۇساپىسىنى ئەسلىتىپ، چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە قىلدى.» ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى لى شىنبىن مۇنداق دېدى: بىز باش شۇجىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنىڭ پەقەت باشلىنىش نۇقتىسىلا بارلىقىنى، ئاخىرقى نۇقتىسىنىڭ يوقلۇقىنى مەڭگۈ ئەستە ساقلاپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى سېجىل ئالغا سىلجىتىمىز.

«بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز كەنت - مەھەللىلەرنى پاكىزلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، يېزىلاردىكى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تازىلاش، يۆتكەش، ھويلا - ئارالارنى تازىلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ كەنت - مەھەللىلەرنىڭ مۇھىتىنى يېشىللاشتۇرۇش، گۈزەللەشتۈرۈش، يېزىلاردىكى خەتەرلىك ئۆيلەرنى چېقىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، كەنت قىياپىتىدە خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى». ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتى يېزا ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ياڭ گوەنيۈڭ مۇنداق دېدى: «بىز باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ كەنت - مەھەللىلەرنىڭ مۇھىتىنى تۈزەپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشتە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىمىز».

## ■ مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، ھەر مىللەت خەلقنى پارتىيەنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش كېرەك.

ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ تاموژنا باشلىقى دىڭ جىباۋ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايوننىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۈرۈمچى تاموژنىسى ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى، تاماقتا، يېتىپ - قوپۇشتا، ئەمگەكتە، ئۆگىنىشتە بىللە بولۇش ئارقىلىق، ئورگان كادىرلىرى بىلەن تۇغقانلىرىنىڭ قەلبى بارغانسېرى يېقىنلاشتى. باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى تەربىيەسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقنى پارتىيەنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، گۈزەل تۇرمۇشنى ئورتاق يارىتىشىمىز كېرەك.

«بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە ئىزچىل يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدۇق. قوشماقلىشىپ تۇغقانلىشىشنىڭ ئومۇميۈزلۈك قاپلىشىنى تاماملاش بىلەن بىللە، مەھەللە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ قورۇسى، بىناسى ۋە ئائىلىسى پائال بەرپا قىلىپ، كۆپچىلىكنى بېرىش - كېلىش قىلىش، جەم بولۇپ سىردىشىش، پاراڭلىشىپ قەلب ئىزھار قىلىش داۋامىدا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھېسسىياتنى كۈچەيتىشكە ئۈندىدى». ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تيەنشان رايونى ئەرداۋچياۋ تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى گۇيۈەنشىياڭ مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ بو مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىن، مەھەللە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىلىرىنى يېتىلدۈرۈش ۋە تاللاپ تۇرغۇزۇش سالمىقىنى زورايتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھېسسىياتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋە يۇغۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

مەدەنىيەت بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ روھى. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ۋاڭ جيې مۇنداق دېدى: «دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون ئەزەلدىن شىنجاڭنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، نۆۋەتتە شىنجاڭدا ھەم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت ئورگىنىغا تاللانغان ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى بار، ھەم دۆلەت دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك تۈرى بار بولۇپ، ئىلمىي بولغان قوغداش سىستېمىسى شەكىللەندى. بۇنىڭدىن كېيىن بىز تېخىمۇ تىرىشىپ، مەدەنىيەت - ساياھەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلىشقا، قوغداشقا ۋە تەرەققىياتقا ئىگە قىلىمىز».

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يۈنمېي، لى لىن، مېھرىگۈل ناسىر، ما يىنىڭ، لياڭ لىخۇا، جاڭ جىلى، ليۇ يى، چېن چياڭۋېي، جاۋ چۈنخۇا، جاڭ يىڭچۈن يازغان)**

---

(بېشى 1- بەتتە)

قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭ داشۆ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد داشۆسى، شىنجاڭ يېنىك سانائەت كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى، قەشقەر داشۆ، قەشقەر كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى، شىخەنزە داشۆ، شىنجاڭ شىخەنزە كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىگە كېلىپ، دوكلات ئاڭلاش، نەق مەيداندا زىيارەت قىلىش، سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، مەكتەپلەرنىڭ پەن قۇرۇلۇشى، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى، ئوقۇتۇش نەتىجىلىرى، ئىدىيەۋى - سىياسىي دەرسى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەكشۈردى، ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچى شەھىرى، قەشقەر شەھىرى، شىخەنزە شەھىرىدە سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى شەھىرى، قەشقەر ۋىلايىتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ھەم شىخەنزە شەھىرىنىڭ «ئالىي مائارىپ قانۇنى»نى يولغا قويۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

سۆھبەت يىغىنىدا، ئەركىن ئىمىرباقى مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى دەرسلىككە كىرگۈزۈش، دەرسخانىلارغا كىرگۈزۈش، كاللىغا كىرگۈزۈشكە ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، ئالىي مەكتەپ پارتكوملىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ئالىي مائارىپ ساھەسىنى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرىدىغان كۈچلۈك بازىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك؛ پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئالىي مائارىپنىڭ ئەخلاق تەربىيەسى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى ۋە غايە - ئېتىقاد تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ تۈپ مەقسىتى قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئالىي مەكتەپلەردىكى رەھبەرلىك ئورنىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش كېرەك؛ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قوللاش سىياسىتىنى تۈزۈپ، يەرلىك ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سۇبيېكتلىق ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەركەز ۋە يەرلىكنىڭ سىياسەت بايلىقلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرىكتۈرۈپ، يەرلىك ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، تۈرلەرگە ئايرىلغان سىياسەت ئارقىلىق يېتەكلەش ۋە بايلىق تەقسىملەشنى يولغا قويۇپ، ئۈستۈنلۈككە ئىگە پەنلەر، كەسىپلەر ۋە ئۆمەكلەرنى بەرپا قىلىپ، رايون ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان يۈكسەكلىكتىن پەن، كەسىپلەر قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق قوللاش، رايونلارنىڭ تۈۋرۈك كەسىپلىرى، خاس ساھەلەردە جىددىي كەمچىل ئىختىساسلىقلارنى يېتىلدۈرۈشنى نۇقتىلىق قوللاش كېرەك؛ تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، نامراتلارنى مائارىپ ئارقىلىق يۆلەشنى دەل جايىدا ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ ھەربىر ياشنى بىرەر ھۈنەرگە ئىگە قىلىپ، تىرىكچىلىك قىلىشتىكى بىر تۈرلۈك ماھارەتنى ئىگىلىتىپ، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىش كېرەك.

قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا بېرىپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى ھەم سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ھەم قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ناھىيە(شەھەر، رايون)لەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى، پىكىر - تەكلىپلەرنى ئاڭلىدى.

ئەركىن ئىمىرباقى مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نەزەرىيە بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى تەتقىق قىلىپ، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە نەزەرىيەنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك؛ نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلەپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك نىزام چىقىرىش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنىڭ «قانۇننى كۆزىتىش»تىكى ئۆتكۈر شەمشەرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نازارەتچىلىكنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك؛ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ «ئىككى بىلەن ئالاقە باغلاش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىنى ساقلاش كېرەك؛ ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپىنى بېجىرىشتىكى «رازى بولۇش نىسبىتى»نى ئۆستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، تەكلىپلەرنى بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «ئالىي مائارىپ قانۇنى»نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رىبىن خۇۋا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

---

# قەلبىمىزدە مەڭگۈ ساقلايمىز، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيمىز

(بېشى 1- بەتتە)

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمەت ئومۇمىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىرى، ئورۇنلاشتۇرمىسى بولۇپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە نامايان قىلىپ بەردى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بۇنى قەلبىدە مەڭگۈ چىڭ ساقلايدۇ، شۇنداقلا بۇ بىزنى ھەر ۋاقىت مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە، ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ دېگەن روھ بىلەن پۇختا تىرىشىپ خىزمەت قىلىشقا، شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى يارىتىش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

## ■ سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئەۋزەللىكىنىڭ جانلىق ئىپادىسى

«7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى خوتەندە ئېچىلدى، بىز ھەسسىلەپ روھلاندۇق!» خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ئەزاسى، باش كاتىپ زوۋ يۈبې مۇنداق دېدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەزەلدىنلا شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ ئەڭ ياخشى چۈشەندۈرۈلۈشى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم تەدبىر، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەيدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەيدىغان مۇھىم يول، خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلق تېخىمۇ ياخشى ھالەت، تېخىمۇ ئەمەلىي ئىستىل ئارقىلىق، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ئىنچىكە، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

«شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى قانات يايدۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمەت ئومۇمىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىرى - ئورۇنلاشتۇرمىسى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ قىزغىن ئۈمىدى.» ئۇلۇغچات ناھىيەسى مايىقاقىر باشقۇرۇش كومىتېتى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خې جۈيۇ مۇنداق دېدى: بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدە باش نىشان زىچ چۆرىدىلىپ، ئورنى تېخىمۇ ئېنىق بېكىتىلىپ، مۇھىم نۇقتىسى تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ، تەدبىرلىرى تېخىمۇ دەل جايىدا بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى، ھەر مىللەت خەلق تولۇپ تاشقان ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ھېس قىلدى.

«شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، بىز ئەتراپىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇق، بىر تۈركۈم ئەلگە نەپ يەتكۈزىدىغان، ئۇلنى كۈچەيتىدىغان، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تۈرلەر ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتتى، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان نۇرغۇن مەسىلە ھەل قىلىندى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ دەل جايىدا كۈچ بېرىشى بىزگە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كۈچىنىڭ تولۇپلانغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇردى» دېدى ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لياڭ جىمىڭ.

## ■ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئوبلاست باشلىقى قۇرماش سىرجان مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭ تۈپرىقىدا بارلىققا كەلگەن بارلىق ئۆزگىرىشلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قەتئىي رەھبەرلىكىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن شىنجاڭدىكى كەڭ كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ قولغا كەلتۈرگەن، شۇنداقلا بۇنى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى بولمىسا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشى بولمايتتى».

قورغاس ناھىيەلىك سودا ئىشلىرى سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ يەن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: قورغاس ناھىيەسى يېقىنقى بىرقانچە يىلدا كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش بويىچە كىرگۈزگەن توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش قاتارلىق ئەمگەك كۈچى زىچ كارخانىلار جەمئىي 3000دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلدى، ئۇلارنىڭ 90%تىن كۆپرەكى ئاياللار. «بۇ ئائىلە ئاياللىرى سانائەت ئىشچىلىرىغا ئايلىنىپ، بىر ھۈنەر ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە ئائىلىنىڭ يېرىم يۈكىنى كۆتۈردى، روھىي قىياپىتىدىمۇ ئىنتايىن چوڭ ئۆزگىرىش بولدى، ئۇلار كۈنلىرىنىڭ چوقۇم كۈندىن - كۈنگە ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ!» دېدى ليۇ يەن.

ئاقتۇ ناھىيەسى چارلۇڭ يېزىسىدىكى مەمەتئېيسا ھېيتاخۇن ۋە خوتۇنى ئايىمخان بەكرى جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشىدىن نەپ ئالغۇچىلار. 2015 - يىلى، ئۇلار شۇ جايدىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارنىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن، تۇنجى قېتىم يۇرتىدىن ئايرىلىپ، جياڭشىدىكى بىر ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىغا بېرىپ ئىشلىدى. ئۇ ۋە خوتۇنىنىڭ ئايلىق كىرىمى 5000 - 4000 يۈەن بولۇپ، ئۆيىدە چارۋا بېقىپ قىلغان كىرىمدىن خېلىلا يۇقىرى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، مەمەتئېيسا ئەر - خوتۇن ئىككىسى تاغ ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزمەيدىغان بولدى، ھەر يىلى ئاكتىپلىق بىلەن سىرتلارغا چىقىپ ئىشلىدى. «بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئەتراپىمىزدىكى تېخىمۇ كۆپ يۇرتداشلار شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرگە بېرىپ ئىشلىدى، كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيە قارىشى ئۆزگەردى، كىرىمى كۆپەيدى، ھەممىسى ياخشى تۇرمۇشقا ئىنتىلىپ تىرىشىۋاتىدۇ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ھەقىقەتەن چوڭ رول ئوينىدى!» دېدى مەمەتئېيسا.

## ■ مىننەتدارلىق تۇيغۇسىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان كۈچكە ئايلاندۇرىمىز

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شۇ بىن مۇنداق دېدى: 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشنى مەقسەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سۇبيېكتلىق رولىمىزنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، جاسارەتلىك، ياراملىق بولۇش روھىي قىياپىتىمىز ۋە پۇختا، ئۈنۈملۈك بولغان خىزمەت تەدبىرىمىز ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمىز.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئەمەرجان ئاۋۇت مۇنداق دېدى: ئاقسۇ ۋىلايىتى ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يىغىن روھىغا ھەقىقىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئالما، ياڭاق، چىلان، نەشپۈت، قارا مور قاتارلىق خاس كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش، جىپسىلاشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

قاغىلىق ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى تۇرسۇنجان مەمەتئېلى مۇنداق دېدى: بىز بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش بايلىقىنى جانلىق، ياخشى ئىشلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز.

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم ئاخبارات مەركىزى، مەمۇرىي مەھكىمە ئاخبارات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى سۈي جىڭ مۇنداق دېدى: «تارباغاتايدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبى چوڭقۇر مىننەتدارلىق تۇيغۇسىغا تولغان، بۇ سەممىي تۇيغۇ چوقۇم گۈزەل تۇرمۇشنى يارىتىش، گۈزەل يۇرت - ماكاننى قۇرۇشتىكى ئاكتىپ ھەرىكەتكە ئايلىنىدۇ».

**(مۇخبىرلىرىمىز يۈەن لىي، شى شىن، جاڭ تىڭ، ليۇ دۇڭلەي، ۋاڭ شىڭرۈي، چېن چېن، جاڭ جىلى، خې لىڭ، لى داۋجۇڭ يازغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)